شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
2020 ـ يىل 4 ـ ئاي
11
شەنبە
维吾尔文 4 月11日
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25028 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ ئىرىم ـ ئايرىم ھالدا ۋېنېزۇئېلا زۇڭتۇڭى، مېكسىكا زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە ۋېنېزۇئېلا زۇڭتۇڭى مادۇرو بىلەن تېلېفونلاشتى. شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ۋېنېزۇئېلا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىمىي ھال سورايدىغانلىقى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

2 ـ بەتتە

شى جىنپىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك

## لى كېچياڭ تەستىق سالدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر، پۈتۈن مەملىكەتتە ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رايونغا ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەن چېكىنى پۇختا ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 2019 ـ يىلىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى، بىرقەدەر چوڭ ھادىسە ۋە ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىدىن ئىبارەت «ئۈچنى داۋاملىق ئازايتىش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلانغان، لېكىن خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپ يەنىلا ئىنتايىن كۆپ، بۇ جەھەتتە ئىشلەيدىغان يەنە نۇرغۇن خىزمەت بار.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇشى كېرەك، تەرەققىياتقىلا ئەھمىيەت بېرىپ بىخەتەرلىككە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنى ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىش دەپ قاراپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈپتىن تۈگىتىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىق سېلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، پۈتۈن مەملىكەت يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ۋۇخەن دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە يازغان جاۋاب خېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى، رىغبەتلەندۈردى ——

# چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋۇخەن شەھىرى دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە جاۋاب خەت يېزىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرىدىن سەممىمىي ھال سورىدى، ئۇلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئۆزلۈك ـ كېسەل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان مەھەللە خىزمەتچىلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئىلھاملاندى، تېخىمۇ روھلاندى، كۆپچىلىك باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇدا جەڭ قىلىش ئىستىلىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تورلۇك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**«كۆپچىلىك چەكسىز روھلاندى ۋە ئىلھاملاندى»**

سەممىمىي تاپشۇرۇق كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، سەممىمىي ھال سوراش كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىدۇ.

«مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە بۇ جاۋاب خەتنى ھەمبەھىرلەپ ئوقۇدى، كۆپچىلىك چەكسىز روھلاندى ۋە ئىلھاملاندى.» ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى ئېردائوچياۋ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى كۆنبېيشياڭ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نىي خۇي مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ پۇختا، يەنىمۇ ئىنچىكە ئىشلەيمىز».

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

# قىزىل سىزىقنى قاتتىق ساقلاپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى خۇلاسىلەپ، تەھلىل قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇقىم بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ياراتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

# ۋەكىللەرنىڭ 415 پارچە تەكلىپى بىرتۇتاش بېجىرىشكە تاپشۇرۇلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۇكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# پەقەت ئەمەلىي ئىشلىگەندە چىقىش يولى بولىدۇ

سۆز ھەممىگە

□ جاڭ بىي

يېقىنقى مەزگىلدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەۋەر قىلىنغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھېكايىسىدە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 50 ياشلىق نامرات ئائىلە سىياسەت جەھەتتىكى قوللاش ۋە ئۆزىنىڭ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، كىشىلىك ھاياتىدىكى بۇرۇلۇشنى كۈتۈۋالغان؛ ئەۋلادمۇئەۋلاد پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ كەلگەن نامرات چارۋىچىلار باشقا جايغا كۆچۈرۈلۈپ ئىككىنچى يىلىلا نامراتلارنى يۆلەش پارنىكىدىن قىلغان كىرىمگە تايىنىپ نامراتلىقتىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلغان… بۇ جانلىق ھېكايە بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا، پەقەت ئەمەلىي ئىشلىگەندە چىقىش يولى بولىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

# يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىشتە تېز تەكشۈرۈش، تېز تەستىقلاش، تېز قەرز بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈگفېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىدىن ئىگىلىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى «يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالاقدار تەلەپلەرنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، قەرز پۇل بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان بانكىلاردىن خىزمەت تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تېز تەكشۈرۈش، تېز تەستىقلاش، تېز قەرز بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى تېز ياسالماقتا

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئىشچىلار خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ S3 بۆلىكى بولغان نىيە ناھىيەسىدە قۇرۇلۇش قىلماقتا. بۇ بۆلەكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 174.1 كىلومېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئىش ئورنىغا قايتىپ خىزمەت قىلىپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا.

□ شۈ شياۋلۇڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايون «چارە» بېسىپ تارقاتتى

# ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايون «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 2020 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى باشقۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى چارە»نى چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا پائال تاقابىل تۇرۇشقا يەنىمۇ يېتەكچىلىك قىلىپ، تۆرتكە بولۇپ، توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# جەنۇبىي شىنجاڭ يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى دائىملىق قاتنىدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋنىڭ** جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى 219 قېتىم قاتناپ، جەمئىي 2813 توننا يۈك توشۇپ، تۈرى كۆپ بولۇش، دائىملىق قاتناشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەشيا ئوبوروتى تىرىكى بىلەن تەمىنلىگەن.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 15تىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە، 41146 ـ قېتىملىق خوتەن ـ قەشقەر ـ ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزى قەشقەر ۋوگزالىدىن يولغا چىقىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇش سورتىنى تەڭشەش كەسپىنى كۈچەيتىش

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ھوسۇلنى ئاشۇرۇشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەردى

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىۋ يېنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاسلىقنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇش، سورتنى ئەلالاشتۇرۇش، كەسپىنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ سۈپەتنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدىكەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)